1980
ژىل
ئاۋغۇست
№16 (90)

باھاسى
2 تىيىن

ياشىسۇن ئازادلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
— تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېت ئېلى!

# بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ
گېزىتى.

## قازاقستانغا ئاتمىش ژىل

• ئىلىيا بەختىيا

### ۋەتەن

تەربىيىلىگەن بىزنى پەپىلەپ ئانا ۋەتەن،
سېنى سويەر ساداقەتلىك ھەر بىر ئادەم.
تاغ سۈيىدە كوكەرگەن كوك چىمەندەك،
بىزنىمۇ ھۆر ياشناتتى موشۇ ۋەتەن.

بەخت بەردىڭ خەلقىمگە-تۈگۈمەيدۇ،
«ۋەتەن» دېگەن مۇھەببەتنىڭ ئۇنى
ئۆچمەيدۇ.
ھەر بىر ئادەم قۇۋۋەت ئالار ھاياتىڭدىن،
ئېي ئانا، ئېيتقىن سېنى كىم سويمەيدۇ؟

ۋەتەن دېسە-ناخشا ئېيتىپ شاتلىنىمەن،
سېنىڭ داڭقىڭ بىلەن ھەر چاغ ماختىنىمەن.
كوزۇمنىڭ قارچۇغىدەك سېنى ساقلاپ،
دۈشمەن كەلسە، قانلىق جەڭگە ئاتلىنىمەن.

ئاسماندا كۈن، يەردە-سەن يورۇق بېرىپ،
خەلقىم سېنى غەزەل قىلدى گۈللەر تېرىپ.
ئۇستەردىڭ تالاي ئەرنى، باتۇر قىزنى،
كەڭ قوينۇڭدا، ۋەتىنىم، بىلىم بېرىپ.

قوينۇڭدا ئومۇر سۈرۈپ سوۋېت خەلقى،
يەر يۈزىگە بەختىلىك دەپ كەتتى داڭقى.
ھەر بىر بوستان خەلق تەرگەن ساغا
تالىق،
«گۈللەنسۇن ۋەتەن!»-دەيدۇ- شۇنداق
ئەھدى.

ئاخشاڭ ھەرگىز سېنىڭ ئۇنتۇلمايدۇ،
سىماپتەك ۋىجدانىڭ پاك- كىر بولمايدۇ.
ئاق سۈتىڭدىن چوڭ بولغان ھەر بىر
ئوغلۇڭ،
داڭقىڭنى ساقلار، ۋەتەن،-كىر قىلمايدۇ!

□ □

### مېنىڭ رېسپۇبلىكام

قىرى- كۆمۈچ،
تېگى- كەشتە،
ھەم ئاۋانگارد،
ئېمىسى كام؟!
بېغى- يېمىش،
ئاپا- بۇغداي -
مىللىارد- مىللىارد،
رېسپۇبلىكام.

سايلىرى- مال،
كوكسى- كوركەم،
قوينى- ئاۋات،
بايلىق تولغان.
سۇلىرى- بال،
ئانا ئولكەم،
شانلىق ۋەتەن-
رېسپۇبلىكام.

باغرى- گوزەل،
تېغى ئالتۇن،
ئاشلىققا مەرت،
ئوردېن ئالغان،
ئازادە ئەل،
بەختى چەكسىز،
شانۇ- شوھرەت،
رېسپۇبلىكام!



گوزەل پايتەختىمىز- ئالمۇتا.

